# گۇناھ-مەئسىيەتنى ئاشكارا ئىشلەشنىڭ خەتىرى

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]

پەزىلەتلىك شەيخ سەلاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەلبۇدەير


تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2012 - 1433

IslamHouse.com

# ﴿ خطر الجهر بالمعاصي والذنوب ﴾

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ صلاح بن محمد البدير

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2012 - 1433

IslamHouse.com

# گۇناھـمەئسىيەتنى ئاشكارا ئىشلەشنىڭ خەتىرى

2012ـيىلى 01ـئاينىڭ 06ـكۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ خاتىپى جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلىغان مۇسۇلمانلارغا "گۇناھـمەئسىيەتنى ئاشكارا ئىشلەش شەخس ۋە جەمئىيەتكە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ، تەقۋادارلىق سەۋەبىدىن ياخشىلىق، بەركەت ئومۇملىشىدۇ، يامانلىق ۋە بالاـمۇسىيبەتلەر يىراق قىلىنىدۇ" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

مۆمىن ئۆزىنىڭ يۈزـئابرۇيى، ئىززەتـھۆرمىتى ۋە شەرىپىگە تەسىرى بولىدىغان ئىشـھەرىكەتلەردىن نەپسىنى ساقلىشى كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالەتتە ئارـنومۇسىنى يوقىتىپ قويىدۇ ياكى كىشىلەر ئارىسىدا رەسۋا بولىدۇ، ھاياتى پۇشايماندا ئۆتىدۇ. بەندە خاتالىشىدۇ، ئېزىپ كېتىدۇ گۇناھـمەئسىيەت سادىر قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ھەر ۋاقىت بەندىسىنىڭ خاتالىقىنى ئۆچۈرىدۇ ۋە ئەپۇ قىلىدۇ، ئەيىبىنى

ياپىدۇ، گۇناھىنى كەچۈرىدۇ. بەندىلەرنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ، ياخشىلىقلىرىغا مۇكاپات بەرگۈچى ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا بولسۇن.

نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەن كىشىلەر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارا قىلماي يوشۇرغانكەن، ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئاچماي، پىسق-پۇجۇر، گۇناھ-مەسىيەتلىرىنى ئاشكارا قىلماي، قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان ۋە تەۋبە قىلىپ، ئاللاھنىڭ تەرىپىگە قايتىش بىلەن بىرگە بۇنداق قىلمىشلاردىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈشى كېرەك.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى ئەپۇ قىلىنىدۇ، گۇناھنى ئېلان قىلغۇچىلار ئەپۇ قىلىنمايدۇ. بىر ئادەم كېچىسى بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلغان ۋە ئاللاھ ئۇنى يوشۇرغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئەتىگىنى تۇرۇپ: "ھەي پالانى! مەن كېچىدىن مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم" دەپ، ئاللاھ يوشۇرغان بۇ ئىشنى ئەتىگىنى ئاشكارىلىشى گۇناھنى ئېلان قىلغانلىق بولىدۇ.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ئۆزىنىڭ ناچار قىلمىشى، گۇناھ-مەئسىيەتلىرىدىن پەخىرلىنىدىغان، قىلغان ئىپلاسلىقلىرىنى يېقىنلىرىغا چىرايلىق كۆرسىتىپ كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ لاپ ئۇرىدىغان نادانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!. ئاللاھ تائالا ئازغۇنلۇقتىن، جاھىللىقتىن ۋە گالۋاڭلىقتىن ساقلىسۇن.

بەزى كىشىلەر تىنىپ تاپماي باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكى ۋە سىرلىرىنى بىلىش، ئەيىب-نۇقسانلىرىنى ئاشكارا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى باشقىلارنىڭ ئامانىتىنى تەلەپ قىلغان كىشى خائىندۇر، باشقىلارنىڭ سىرى-مەخپىيەتلىكى توغرىسىدا ئېغىز ئاچقان كىشى دۈشمەندۇر.

بىزنىڭ يول باشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەن كىشىلەرنىڭ قارنىنى يېرىپ، قەلبلىرىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇلمۇدۇم.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

مۇسۇلمانلار ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس ئىسلام دىنى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ رەزىللىكى ۋە ئەيتى-بەشىرىسىنى

ئېچىپ رەسۋا قىلىدىغان، ئار-نومۇسىنى تۆكىدىغان دىن بولماستىن، بەلكى باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرىدىغان، ئىنسانلارنىڭ ماددى ۋە مەنىۋىيىتىنى پاكىزلايدىغان، كىشىلەرگە ھەقىقەت ۋە ئادالەت قاتارلىق بارلىق پەزىلەتلەرنى تەۋسىيە قىلىدىغان دىندۇر.

مۇسۇلمانلار ئۆز-ئارا گۈزەل ئەخلاق، ياخشى پەزىلەتلەرنى تەۋسىيە قىلىشىشى، بىر-بىرىگە بولغان پايدىلىق ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئاشكارا قىلىشى، باشقىلارنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى يوشۇرۇش بىلەن بىرگە، ھېكمەت بىلەن توغرىغا يېتەكلىشى لازىم بولىدۇ.

خاتالىق سادىر قىلغان، گۇناھ-مەئسىيەت ئىشلىگەن كىشى ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى كىشىلەرگە ئاشكارا قىلماسلىقى كېرەك. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە دۇنيادا بەندىنىڭ ئەيىبىنى ياپقان كىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

كىمىكى باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ، خاتالىق-نۇقسانلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش، قەدىر-قىممىتىنى يوق قىلىش ۋە كىشىلەر ئارىسىدا رەسۋا قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، خاتالىقلىرىنى باشقىلارغا ئاشكارا قىلغان كىشى ھەقىقەتتە ئىسلامدا چەكلەنگەن چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان بولىدۇ. بۇنداق ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىنسان قىلىپىدىن چىققان، ناچار تەبىئەتلىك، نومۇسسىز كىشىلەردۇر.

بەزى پەس تەبىئەتلىك، رەزىل كىشىلەر باشقىلارنىڭ خاتالىق، ئەيىب-نۇقسانلىرىنى ئىزدەپ، ئۇنى تۈرلۈك سورۇن ۋە ئولتۇرۇش كۆلۈپلىرى، قول تېلېفونلىرى، ئىنتېرنېت تورلىرى، گېزىت-ژۇرنال ۋە تېلېۋىزىيە قاناللىرى ئارقىلىق ئەتراپقا تارقىتىپ دۇنياغا ئاشكارا قىلىشى كىشىنى تولىمۇ بىئارام قىلىدۇ. ھەتتا كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ رەسۋالىقلىرىنى سۆزلىشىدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟. مۇسۇلماننىڭ ھۆرمىتى ئاياق-ئاستى قىلىنىۋاتىدۇ، سىرلىرى

ئاشكارا قىلىنىۋاتىدۇ، يۈز-ئابرۇيى تۆكۈلىۋاتىدۇ، ناچار قىلمىش، قەبىھ ئىش-ھەرىكەتلەر ئەيىبى ئېچىلغان كىشى بىلەنلا تۈگىمەستىن، بەلكى ئۇ ئىش، ئۇ كىشىنىڭ ئائىلىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، مىللىتى، يۇرتى ۋە ئۆزىنىڭ دىنىنىڭ، ئەقىدىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلىنىشىگە سەۋەپ بولىۋاتىدۇ.

مۇسۇلمانلار ھەقىقى رەۋىشتە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەللىكى، ئېسىل ئەخلاق پەزىلەتلىرىنى ئاشكارا قىلىشى، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشىلىق، خەيرى-ئېھسان ۋە دوستلۇق مېھرىنى تارقىتىشى لازىم.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى گۈزەل ئەخلاقلا يېتەكلەپ، بارلىق ئەخلاقسىزلىقتىن چەكىنىشىمىزگە مۇيەسسەر قىلسۇن.